## 6293 ـ ئەر ئۆچۈن ئانا ئەۋزەلمۇ ياكى خوتۇن

### سۇئال

سوئال: بىر مۇسۇلمان ئەر ئۈچۈن ئېھسان قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشى ئانىسىمۇ ياكى ئايالى؟

### تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:

پۈتۈن ھەمدۇ_ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ئانىسى ئايالىغا قارىغاندا بەكرەك ئەۋزەلدۇر. ھەدىستە بايان قىلىنىشچە: ساھابىلاردىن بىرى رەسۇلۇللاھتىن مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم بەكرەك ھەقلىق، دەپ سورىغاندا پەيغەمبىرىمىز ئانىڭىز دىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ دەپ سورىغاندا يەنە ئانىڭىز دىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ دىگەندە، يەنە ئانىڭىز دىگەن، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ دىگەندە ئاتىڭىز دەپ جاۋاپ بەرگەن بۇ ھەدىسنى بۇخارى 5514– مۇسلىم 4621– نومۇرلۇق ھەدىسلەردە بايان قىلغان. يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئانىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

ئايالى بولسا بىر ئىشتىلا ئانىسىدىن ئەھمىيەتلىك سانىلىپ، ئۇ بولسىمۇ ئايالىغا نەپىقە بېرىشتۇر. ئەگەر ئەر كىشى كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن ئانىسى ۋە ئايالىغا كېرەكلىك تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، بۇھالەتتە ئايالى ئانىسىدىن ئۈستۈن (يەنى ئايالىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش) ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە ئەقىل ۋە ئىمان ئىگىسى بولغان بىر ئىنسان بۇنداق قېيىن ۋەزىيەتتە ئەلۋەتتە ئوتتۇرىھال يول تۇتىدۇ. مۇسۇلمان ئەر ئۈچۈن ھەممىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىشى كېرەك. ئەگەردە ئانىسى ئايالىغا زۇلۇم قىلغان بولسا بۇ زۇلۇمنى توختىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇلارنى چىرايلىق ياراشتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. شۇنداقلا ئانىسى نارازى بولىدىغان ئىشلاردىن قەتئى ساقلىنىشى لازىم.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.